**مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى**

# ۋاڭ پېڭشۈن: ئىسسىق قېنى بىلەن سادىق ساقچى روھىنى تاۋلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىئەن تېلېگراممىسى** (مۇخبىر لى خاۋ) «2 - تاغام ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە يەر ئاستى خىزمەتچىسى بولغان بولۇپ، 1943 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن؛ ئوغلۇم خەلق ساقچىسى بولۇپ، جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ تۇتۇش جەريانىدا قۇربان بولدى.» ئىنقىلابىي قۇربان ۋاڭ پېڭشۈننىڭ دادىسى ۋاڭ جىڭزېڭ مۇنداق دېدى: شەرەپلىك ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە ئىگە بۇ جەمەتىمىزدە ئىككى ئىنقىلابىي قۇربان بار، «ۋاڭ پېڭشۈن قۇربان بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر خەلق ساقچىسىنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلدى، پارتىيە ۋە خەلققە يۈز كېلەلىدى، ئۆزىنىڭ بۇرچىغا يۈز كېلەلىدى».

ۋاڭ پېڭشۈن، 1977 - يىلى 3 - ئايدا شەنشىنىڭ خەنجۇڭدا تۇغۇلغان، 1999 - يىلى داشۆنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن خەنجۇڭ شەھىرى داجىنيەن ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان، 2001 - يىلى 5 - ئايدا خەنجۇڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى، شىياڭ ساقچىخانىسى، سولاقخانا، شىنچېڭ ساقچىخانىسىدا خىزمەت قىلغان.

«ساقچىغا مەلۇم قىلىنسا جەزمەن قوبۇل قىلىش، ساقچىغا مەلۇم قىلىنسا جەزمەن تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈلگەنلەرنىڭ جەزمەن نەتىجىسى بولۇش» ئەينى چاغدىكى شىنچېڭ ساقچىخانىسىنىڭ ساقچىخانا باشلىقى ۋۇ پوشۆنىڭ ۋاڭ پېڭشۈنگە بەرگەن باھاسى ئىدى. ۋاڭ پېڭشۈن ساقچىخانىدا خىزمەت قىلغان ئۈچ يىلدىن بۇيان، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۈنى 15 قېتىمدىن ئارتۇق ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا چىققان، ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر كۈندە 28 قېتىمغا يەتكەن، شۇ ساقچىخانىدىكى سەپداشلىرى چاقچاق قىلىپ ئۇنى «ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتىكى دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەم» دەپ ئاتايتتى.

شىنچېڭ ساقچىخانىسىدا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، ۋاڭ پېڭشۈن ھەر يىلى دەرىجە بويىچە باھالاشتا پۈتۈن ساقچىخانا بويىچە بىرىنچى بولاتتى. ئۈچ يىلدىن بۇيان، ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 300دىن ئارتۇق تۈرلۈك دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان، بېجىرگەن، 400دىن ئارتۇق ماجىرانى مۇرەسسە قىلغان، 100دىن ئارتۇق تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپ جىنايەت گۇماندارىغا زەربە بەرگەن، بىر تەرەپ قىلغان. ئۇ بېجىرگەن دېلو ۋە مۇرەسسە قىلغان ئاممىۋى ماجىرادا ئەزەلدىن بىرەر قېتىم مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش ۋە مەمۇرىي دەۋا دېلوسى يۈز بەرمىگەن، بىر قېتىممۇ ئەرز قىلىنمىغان.

2009 - يىلى 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى سائەت 12دىن 38 مىنۇت ئۆتكەندە، خەنچېڭ شەھىرى ئاھالىسى لياڭ خەيخۇڭ ساقچىغا مەلۇم قىلىپ، 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۇنىڭ موتوسىكلىتى يىتىپ كەتكەنلىكتىن ساقچىخانىغا بېرىپ دېلو مەلۇم قىلغانلىقىنى، كۆزىتىش سىندا بايقالغان ئۈچ جىنايەت گۇماندارىنىڭ شىنچېڭ رايوندىكى ياڭگۇاڭ تاللا بازىرىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغانلىقىنى ئېيتقان. مەلۇمات تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ساقچىخانىدا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان ۋاڭ پېڭشۈن ۋە خەلق ساقچىسى جاڭ خۇڭۋۇ پۇقراچە كىيىنىپ يەرلىك نومۇر تاختىسى ئېسىلغان ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ نەق مەيدانغا يېتىپ بارغان ھەم بەش نەپەر ياردەمچى ساقچىنى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ئەگىشىپ مېڭىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. نەق مەيدانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ۋاڭ پېڭشۈن بەش ياردەمچى ساقچىنى يېقىن ئەتراپتا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزى ۋە جاڭ خۇڭۋۇ، لياڭ خەيخۇڭ بىلەن گۇماندارنى جەزملەشتۈرۈشكە بارغان.

بۇ چاغدا، ئۈچ جىنايەت گۇماندارى ئازراق شەپە سېزىپ قېلىپ، تاكسى توسۇپ قېچىشقا تەييارلانغان. ۋاڭ پېڭشۈن جىددىي يۈگۈرۈپ بېرىپ ئالدىغا ئۆتۈپ توسقان، بىر جىنايەت گۇماندارى غەربكە قاراپ قاچقاندا، ياردەمچى ساقچىلار ۋە نەق مەيداندىكى ئامما يەرگە بېسىۋالغان. جىنايەت گۇماندارى جاڭ X بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ شەرققە قاچماقچى بولغان ھەم پۇرژىنىلىق پىچاقنى چىقىرىپ لياڭ خەيخۇڭغا تىقىپ يارىلاندۇرغان. ۋاڭ پېڭشۈن جان پىدالىق بىلەن داۋاملىق قوغلاپ تۇتقان، ۋاڭ پېڭشۈن بىر قولى بىلەن جاڭ Xنى تۇتىۋالغان پەيتتە، جاڭ X بۇرۇلۇپ پۇرژىنىلىق پىچاقنى ۋاڭ پېڭشۈننىڭ قورسىقىغا تىققان. يارىلانغان ۋاڭ پېڭشۈن يەنىلا قەيسەرلىك بىلەن جاڭ Xنى تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمەي، داۋاملىق بىر بۆلەك ئارىلىققىچە قوغلىغان. ئۆچىغا چىققان ياۋۇز جاڭ X تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، يەنە پۇرژىنىلىق پىچاقنى پۇلاڭلىتىپ ئارقىسىدىكى ۋاڭ پېڭشۈنگە كۈچەپ تىققان. ۋاڭ پېڭشۈننىڭ سول كۆزىگە پىچاق سانجىلىپ، توختىماي قان ئېقىشقا باشلىغان.

ئالدى تەرەپتە يەنە بىر جىنايەت گۇماندارىنى قوغلاۋاتقان ياردەمچى ساقچى يەن ۋېنلوڭ ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، بېشىنى بۇراپ يۈزلىرى قانغا بويالغان ۋاڭ پېڭشۈننىڭ مۇقىم تۇرالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئالدىغا بېرىپ يۆلىۋالغان، ۋاڭ پېڭشۈن «مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، دەرھال قارا نىيەتنى تۇت» دەپلا يەرگە يىقىلغان. ۋاڭ پېڭشۈن يەن ۋېنلوڭ ۋە ئەتراپىدىكى ئامما تەرىپىدىن دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىپ جىددىي قۇتقۇزۇلغان، ئاخىرىدا يارىسى بەك ئېغىر بولغانلىقتىن، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. جىنايەت گۇماندارى جاڭ X ئۇزاق ئۆتمەي خەلق ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلغان.

يولداش ۋاڭ پېڭشۈننىڭ تەۋەررۈكلىرىنى رەتلەۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئۈستىلىدە 12 پارچە ئۆگىنىش خاتىرىسى ۋە خىزمەت خاتىرىسى رەتلىك قويۇلغاندى. ئەينى چاغدا شىنچېڭ ساقچىخانىسىنىڭ جىاۋداۋيۈەنى بولغان لى زۇڭجىي مۇنداق دېدى: «ساقچىخانا ھەر بىر خەلق ساقچىسىنىڭ ھەر ئايدا يازىدىغان سىياسىي، كەسپىي ئۆگىنىش خاتىرىسىنىڭ ئون بەتتىن ئاز بولماسلىقىنى تەلەپ قىلاتتى، يولداش پېڭشۈن ھەمىشە ئەڭ كۆپ يازاتتى، ئەڭ بالدۇر تاپشۇراتتى».

ۋاڭ پېڭشۈن ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە خىزمەت خۇلاسىسىگە: «مەن خىزمەت ئورنۇمدا ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، بەلگىلىك قانۇن ئىجرا قىلىش، دېلو پاش قىلىش ماھارىتىنى ئىگىلىۋالدىم، لېكىن يەنە نۇرغۇن يېتەرسىز جايلىرىم بار، داۋاملىق تىرىشىشىم كېرەك...» دەپ يازغان.

«سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن سادىق ساقچى روھىنى تاۋلىدىڭىز، سىز ئۆز ھاياتىڭىز بىلەن پۇقرالارنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قولغا كەلتۈردىڭىز، سىزنىڭ ئىسسىق قېنىڭىز بىھۇدە ئاقمايدۇ، سىزنىڭ ھاياتىڭىز ئاسانلىقچە ئۇنتۇلۇپ كەتمەيدۇ، سەپداشلىرىڭىز تېخىمۇ قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىدۇ.» ۋاڭ پېڭشۈن قۇربان بولغاندىن كېيىن، خىزمەتداشلىرى بەس - بەستە مەرسىيە يېزىپ تەزىيە بىلدۈردى. بۈگۈنكى كۈندە، ۋاڭ پېڭشۈننىڭ روھى يەنىلا شۇ جايدىكى كەڭ كادىر - ساقچىلارنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرمەكتە.

# خۇا يۋېي: ئاغرىقلار ھاياتىنى تاپشۇرۇشقا ئەرزىيدىغان ئادەم



خۇا يۋېينىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ تېلېگراممىسى** (چېن خۈي) «ھاياتىمنى سىزگە تاپشۇرسام خاتىرجەم بولىمەن!» ئەسلىدىكى بېيجىڭ ھەربىي رايونى باش دوختۇرخانىسى تاشقى كېسەللەر 1 - بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى خۇا يۋېي ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا، ئاغرىقلارنىڭ بۇنداق سۆزىنى دائىم ئاڭلاپ تۇراتتى. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ «خەلقنىڭ ياخشى ھەربىي دوختۇرى»نىڭ ۋارىسلىرى يېڭى تېپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش جېڭىدە كۈرەش قىلماقتا.

خۇا يۋېي تيەنجىنلىك بولۇپ، 1953 - يىلى ھەربىي سەپكە كىرگەن، شىزاڭغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى ۋە خەيچىڭ، تاڭشەندىكى يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قاتارلىق مۇھىم، زور ۋەزىپىلەرگە قاتناشقان، ئىلگىرى جۇڭخۇا تىببىي پەنلەر جەمئىيىتى تاشقى كېسەللەر ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، پۈتۈن ئارمىيە تىببىي پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئادەتتىكى تاشقى كېسەللەر كەسپىي گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولغان، ئەسلىدىكى بېيجىڭ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن «ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەشتىكى تۆھپىكار مۇتەخەسسىس» بولۇپ باھالانغان.

خۇا يۋېي تىببىي ئىلىم جەمەتىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بېيجىڭ شيېخې تىببىي شۆيۈەنىنى پۈتكۈزگەن. 56 يىلدىن بۇيان، ئۇ ئىزچىل ئادەتتىكى تاشقى كېسەللەر كلىنىكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاشقازان - ئۈچەي، جىگەر - ئۆت، قالقانسىمان بەز، سۈت بېزى، باللار ئادەتتىكى تاشقى كېسەللىرى ۋە قاپقاق ۋېنا يۇقىرى بېسىم كېسەللىكى داۋالاش جەھەتتە ناھايىتى چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولۇپ، ئارمىيە ئىچى - سىرتىدىكى ئادەتتىكى تاشقى كېسەللەر ساھەسىدە ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇيغا سازاۋەر بولغان.

خۇا يۋېي تېخنىكا جەھەتتە تېخىمۇ مۇكەممەللىكنى قوغلاشقان، داۋالاش تېخنىكىسى يۇقىرى بولغان. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئۇ نەچچە ئون يىلدا ئون مىڭدىن ئارتۇق ئوپېراتسىيە قىلغان بولۇپ، بىرمۇ ھادىسە ۋە خاتالىق كۆرۈلمىگەن. ئۇنىڭ ئوپېراتسىيە خاتىرىسىنى ئاختۇرۇپ كۆرگەندە، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوپېراتسىيەنى ئاغرىقلار ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ قىلدۇرغان. تاشقى كېسەللەر ساھەسىدە، خۇا يۋېي ئوپېراتسىيەدىكى ماھىرلىقى ۋە ئىنچىكىلىكى بىلەن داڭلىق بولۇپ، مەيلى قانچىلىك مۇرەككەپ، چىگىش ئوپېراتسىيە بولسۇن، ئۇ سالماق مەشغۇلات قىلىش، قاتلاملىرى ئېنىق بولۇش، ئىلمىي بىر تەرەپ قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرالىغان.

خۇا يۋېي پاك دوختۇرلۇق قىلىپ، ئۆزىنى پاك تۇتقان. ئۇ ئارمىيە ئىچى - سىرتىدا نامى بار «خۇا يىداۋ» بولۇپ، ئۆمرىدە بىرمۇ قىزىل بولاق ئالمىغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «دوختۇرلۇقتا پاك بولۇش دوختۇرلارنىڭ بۇرچى، ئاچ كۆزلۈك قىلىپ قىزىل بولاق ئېلىش دوختۇرلۇققا قەتئىي ماس كەلمەيدۇ».

خۇا يۋېي ئاغرىقلارنىڭ مەنپەئىتىنى مۇھىم بىلگەن. ئۇ ئەزەلدىن چوڭ رېتسېپ يازمىغان، داغلىق، قىممەتلىك دورىلارنى ئىشلەتمىگەن، ئەھمىيىتى چوڭ بولمىغان قىممەت تەكشۈرۈشنىمۇ قىلمىغان، ئاغرىقلارغا تېجەپ بەرگىلى بولسىلا تېجەپ بەرگەن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئاغرىقلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يېنىكلەتكەن. ھەر قېتىم چوڭ ئوپېراتسىيە قىلىپ تىككەندە، ئۇ ئامال بار باھاسى قىممەت ئۈلگۈچ ئىشلەتمەي، بىر يىپ، بىر يىپتىن ئىنچىكە تىكىشتە چىڭ تۇرۇپ كەلگەن.

خۇا يۋېينىڭ نەزەرىدە، ئاغرىقلار پەقەت كېسەل ئەھۋالىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكى بويىچە ئايرىلغان، ئورنى يۇقىرى - تۆۋەن دەپ ئايرىلمىغان. مەيلى دېھقان ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىر بولسۇن، مەيلى جەڭچى ياكى جياڭجۈن بولسۇن، خۇا يۋېي ھەممىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ دىياگنوز قويۇپ داۋالىغان. نۇرغۇن ئاغرىق سىرتتىن ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلاپ كېلىپ، دائىم ئىشتىن چۈشكەندە ۋە بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېسەل كۆرسەتكەن، ئۇ ئۆيىدە توققۇز كۋادرات مېتىرلىق كىچىك ئۆيدىن بىرنى چىقىرىپ ئائىلە ھەقسىز ئامبۇلاتورىيەسى قىلغان، ئۆيىدە ئەڭ كۆزگە چېلىقىدىغىنى بېتيۇننىڭ ئېگىلىپ تۇرۇپ 8 - ئارمىيەنىڭ يارىدارلىرىنى ئوپېراتسىيە قىلىۋاتقاندىكى سۈرىتى ئىدى.

خۇا يۋېي پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، يەنىلا باشتىن ئاخىر كلىنىكا بىرىنچى سېپىدە كۈرەش قىلىپ، ھەر يىلى 100دىن ئارتۇق ئاغرىقنى ئۆزى ئوپېراتسىيە قىلغان. 73 ياشقا كىرگەندە، ئۇ ئاشقازان راكىنىڭ ئاغرىق ئازابىغا چىداپ تۇرۇپ بىر ئاغرىقنىڭ قالقانسىمان بەز ئۆسمىسى ئوپېراتسىيەسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىپ، چارچاپ ئوپېراتسىيە ئۈستىلى ئالدىدا يىقىلغان. ئۇ مۇنداق ۋەسىيەت قالدۇرغان: «ئۆلگەندىن كېيىن جەسىتىمنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، تىببىي تەتقىقاتتا قىممىتى بار ئەۋرىشكىنى ساقلاپ قالساڭلار بولىدۇ، جەسىتىم بىلەن ۋىدالاشماڭلار، جەسەت كۈلۈمنى قالدۇرماڭلار».

2006 - يىلى 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، خۇا يۋېي كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن. جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ۋە سانسىزلىغان ئاغرىقلار بەس - بەستە ھەر خىل يوللار ۋە ئوخشىمىغان شەكىللەر ئارقىلىق ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن.

خۇا يۋېي ئىككى قېتىم شەرەپ بىلەن 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، 30 نەچچە قېتىم يۇقىرى دەرىجىلىك تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش ئۈلگىسى» «ئەلا مۇلازىمەت ئۈلگىسى» ۋە «دوختۇرلۇق ئەخلاقى، تىببىي ئىستىلدا ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالانغان، تۇنجى نۆۋەتلىك «مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىسى بولۇپ سايلانغان»، «بېتيۇن مېدالى»غا ئېرىشكەن.

# تەن نيەن: خەلق ئۈچۈن جان پىدا قىلغان ياخشى جەڭچى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇاڭجوۋ، تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار لى شيۇڭېيك، ماۋ شىن) قۇتقۇزۇشقا چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، دەريا بويىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر نەچچە ئۆسمۈرنىڭ دەريادا جان تالىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ كىيىمنى سېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەيلا ئۈچ مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى دەرياغا سەكرىگەن. بىر نەچچە ئۆسمۈر قۇتقۇزۇۋېلىنغان، لېكىن ئۇ بىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلغان. ئۇ دەل خەلق ئۈچۈن جان پىدا قىلغان ياخشى جەڭچى تەن نيەن.

تەن نيەن 1985 - يىلى تۇغۇلغان، گۇاڭشىنىڭ پۇبېي ناھىيەسىدىن. 2002 - يىلى 12 - ئايدا، تەن نيەن يۇرتىدا چاقىرىق بويىچە ئەسكەرلىككە كىرىپ، گۇاڭدوڭ ئۆلكىلىك ئەسلىدىكى چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى شۈندې چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى كۆزىتىش ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ جەڭچىسى بولغان. ئەسكەر بولغاندىن كېيىن، تەن نيەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم تەقدىرلەنگەن، بىر قېتىم مۇنەۋۋەر ئەسكەر بولۇپ باھالانغان ھەم 2005 - يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

2007 - يىلى 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، گۇاڭشىنىڭ پۇبېي ناھىيەسى شياۋجياڭ بازىرى خېچۈن كەنتىدىكى شياۋجياڭخې دەرياسىدىن قۇتقۇزۇشقا چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلانغان. تۇغقان يوقلاش دەم ئېلىشى ئېلىۋاتقان تەن نيەن قۇتقۇزۇشقا چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، دەرھال دەريا بويىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، كىيىمنى سېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي دەرياغا سەكرىگەن. ئۇ بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرىنى قۇچاقلىۋېلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى تېيىز دەريا ساھىلىگە ئىتتىرگەن. ئارقىدىن، ئۇ باشقا ئىككى ئۆسمۈر چىقىۋالغان بامبۇك سالنىڭ تېزلىكتە چوڭقۇر سۇ ۋە قاينامغا يۆتكىلىۋاتقانلىقىنى بايقىغان، ئەھۋال خەۋپلىك ئىدى، ئۇ دەرھال ئۈزۈپ بېرىپ بامبۇك سالنى كۈچەپ ئىتتىرىپ قىرغاققا ئاپارغان، يەنە ئارقىدىنلا سۇدا جان تالىشىۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى بىر ئۆسمۈر تەرەپكە ئۈزۈپ بېرىپ، ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى سەرپ قىلىپ ئۆسمۈرنى مۇرىسى بىلەن ئىتتىرىپ بامبۇك سالغا چىقارغان. تۆت ئۆسمۈر قۇتقۇزۇۋېلىنغان، ئەمما تەن نيەن سۇغا چۆكۈپ كېتىپ، ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن ھاياتىنى تەقدىم قىلغان.

تەن نيەننىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى تارقالغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان. ئەسلىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى چېگرا مۇداپىئە ئىدارىسى ئۇنىڭغا تولۇقلاپ 1 - دەرىجىلىك تۆھپە يازغان ھەم ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىغان، گۇاڭدوڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى، ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا «خەلق ئۈچۈن جان پىدا قىلغان ياخشى جەڭچى» دېگەن شەرەپلىك نامنى تولۇقلاپ بەرگەن.

تەن نيەن ھايات ۋاقتىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلغان قاراۋۇللۇق ئورنىغا «تەن نيەن قاراۋۇللۇق ئورنى» دەپ نام بېرىلگەن. ئۇ تۇرغان بەنگە «تەن نيەن بەنى» دەپ نام بېرىلگەن. 2019 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە قىسملىرى ئىسلاھ قىلىنىپ تەۋەلىك ئۆزگەرتىلىپ، شۈندې چېگرادىن كىرىپ - چىقىش چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى رەسمىي ۋىۋىسكا ئېسىلىپ قۇرۇلغان، ئەسلىدىكى «تەن نيەن بەنى» دىكى 34 جەڭچىنىڭ ئىچىدىكى 26 جەڭچى خەلق ساقچىلىقىغا قوبۇل قىلىنغان، سەككىز جەڭچى كەسپىي ئىشتاتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىگە ئۆزگەرتىلگەن، ئۇلار كوللېكتىپ ھالدا پونكىت پارتىيە كومىتېتىغا «تەن نيەن بەنى» «تەن نيەن قاراۋۇللۇق ئورنى»نى ساقلاپ قېلىپ، كۆچمەنلەرنى باشقۇرۇش ساقچىسى يېڭى ئوبرازى بىلەن داۋاملىق مۇلازىمەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان.

شۈندې چېگرادىن كىرىپ - چىقىش چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى ھەر يىلى چىڭمىڭ مەزگىلى، 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئىنقىلابىي قۇربان تەن نيەننىڭ قۇربان بولغان كۈنى، ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنى، دۆلەت تەزىيە بىلدۈرۈش كۈنى قاتارلىق ۋاقىتلاردا، دۆلەت بايرىقى ئاستىدا نۇتۇق سۆزلەش، توردا تەزىيە بىلدۈرۈش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىنقىلابىي قۇربان تەن نيەننى خاتىرىلەيدىغان، ياد ئېتىدىغان تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزىدۇ.

# جەن جۇڭيى: ھاياتى بىلەن ساداقىتىنى پۈتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خاڭجوۋ، تېلېگراممىسى** (مۇخبىر تاڭ تاۋ) قىسقىغىنا 17 مېتىر يول، قەھرىماننىڭ باتۇرلۇقىغا گۇۋاھ بولدى. جېجياڭ شاڭيۇ گەيبېي چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىنىڭ 2 - دەرىجىلىك شېگونى جەن جۇڭيى بىر قېتىم قارا نىيەتنى قوغلاپ زەربە بەرگەندە، قارا نىيەت ئۇنىڭ قورسىقىغا پىچاق تىقىۋەتكەن، ئۇ قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، قارا نىيەتنى جىددىي قوغلاپ قويۇپ بەرمىگەن، 17 مېتىر كەنت يولى قان بىلەن بويالغاندىن كېيىن، قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكە، ئۇ ئەمدىلا 25 ياشقا كىرگەن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان.

2007 - يىلى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كەچ سائەت 7دىن 40مىنۇت ئۆتكەندە، شاڭيۇ گەيبېي چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى ئاممىنىڭ تەۋەلىكتىكى لىيەنۆبېي كەنتى 2 - گۇرۇپپىسىدىكى مەلۇم ئىجارە ئۆيدە گۇمانلىق ئادەم بار دېگەن پاش قىلىش مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغان. جەن جۇڭيى ئەترەت باشلىقى جاڭ گوسەي ھەم شوپۇر فاڭ مىڭفېي بىلەن تېزدىن دەرھال چارلاشقا چىققان.

ئاپتوموبىل ساقچىغا مەلۇم قىلغان نەق مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار دەرھال ئىجارە ئۆينى قائىدە بويىچە تەكشۈرگەن. جەن جۇڭيى ئىككىنچى ئىجارە ئۆينى تەكشۈرۈۋاتقاندا، يەنە بىر ئىجارە ئۆيدىن بىر ياش ئەر تۇيۇقسىز غىپپىدە تېز قېچىپ چىققان، جەن جۇڭيى دەرھال ئۇنى قوغلىغان.

جەن جۇڭيى بىر تەرەپتىن قوغلاپ، بىر تەرەپتىن: «توختا! بىز چېگرا مۇداپىئە ساقچىسى!» دەپ ۋارقىرىغان. قوغلاپ كەلگەن جەن جۇڭيىنى كۆرۈپ، ئۇ ئەر تۇيۇقسىز بۇرۇلۇپ، بېلىدىن بىر پىچاقنى چىقىرىپ، جەن جۇڭيىنىڭ قورسىقىغا تىقىۋەتكەن... جەن جۇڭيىدىن شۇئان قان ئېتىلىپ چىققان، لېكىن ئۇ يەنىلا قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، بۇ ئەرنى چىڭ قۇچاقلىۋالغان، ئىككىيلەن ياندىكى ئۈزۈمزارلىققىچە يومىلاقلىشىپ سوقۇشقان. ئۆچىغا چىققان ياۋۇز قارا نىيەتنى تۇتۇش ئۈچۈن، ئېغىر يارىلانغان جەن جۇڭيى قان بىلەن بويالغان بەدىنىنى سۆرەپ 17 مېتىر قوغلاپ ئاخىرى يىقىلغان.

جاڭ گوسەي بىلەن فاڭ مىڭفېي ئاۋازنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەندە، قېنى توختىماي ئېقىپ، ھوشىنى يوقاتقان جەن جۇڭيىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنى ماشىنىغا كۆتۈرۈپ سېلىپ، تېزلىكتە شاڭيۇ خەلق دوختۇرخانىسىغا جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئاپارغان.

ئەمما، ئۇلار پۈتۈن بەدىنى قانغا بويالغان جەن جۇڭيىنى دوختۇرخانىغا ئاپارغاندا، ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشى ۋە نەپەسى توختاپ بولغانىدى. دوختۇرخانا پۈتۈن كۈچى بىلەن جىددىي قۇتقۇزغان بولسىمۇ ئۈنۈمى بولماي، جەن جۇڭيى قەھرىمانلارچە خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان.

جەن جۇڭيى جېجياڭ ئۆلكىسى جىنخۇادىكى ئادەتتىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئائىلىسىدىكى بىردىنبىر ئوغۇل ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇ ئىشلەمچىلىك قىلغان، سودا قىلغان، ئەڭ ئاخىرىدا ھەربىيلىككە قاتنىشىشقا تىرىشىپ ئالدۇرۇشنى تاللىغان.

گەيبېي چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىدا، جەن جۇڭيى ئاساسلىقى دېڭىزدىكى پاراخوت، كېمىلەرنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپ، يىل بويى بېلىقچىلار، دېڭىز تىرانسپورتى ئائىلىلىرى ھەم ۋاقىتلىق نوپۇسلارغا كىنىشكا بېجىرىپ بېرەتتى. «ھەر قېتىم خەۋپتىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتا ئۇ دائىم ئەڭ ئالدىدا ماڭاتتى» دېدى جياۋداۋيۈەن ۋۇ جۈنرۇڭ ئەسلەپ.

جەن جۇڭيىنىڭ خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، نۇرغۇن بېلىقچى، كەنت ئاھالىسى قاتتىق قايغۇرغان. گەيبېي بازىرى چۆجۈيۈ كەنتىدىكى بېلىقچى جېڭ خۇەنياۋنىڭ جەن جۇڭيى تىلغا ئېلىنسىلا، ھەمىشە كۆز يېشى تاراملاپ ئاقىدۇ. ئۇ ئەينى يىلى «ساڭبېي» ناملىق تەيفېڭ بورىنى چىقىپ بېلىقچىلىق كېمىسى پورتقا كىرگەندە، بوران بەك كۈچلۈك بولغاچقا، بېلىقچىلىق كېمىسى سۇ يولىدىن چەتنەپ كېتىپ تېيىز سۇدا توختاپ قالغاندا، جەن جۇڭيى ۋە سەپداشلىرىنىڭ ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ مۈشكۈل ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىنى ئۇنتۇيالمايدۇ.

جەن جۇڭيى قۇربان بولغاندىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى چېگرا مۇداپىئە ئىدارىسى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى ھەم 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ تولۇقلاپ ئەنگە ئالدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)